سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر

# گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى «خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش: يېڭى جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ 70 يىلى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلار ۋاڭ پېڭ، لى چاۋ) گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش: يېڭى جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ 70 يىلى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلدى.

ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق دېيىلدى: 70 يىل ئىلگىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو خەلقى قەد كۆتۈرۈپ ئازاد بولۇش ۋە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. يېڭى جۇڭگونىڭ 70 يىلى جۇڭخۇا مىللىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان مۇساپىنى كۆتۈۋالغان 70 يىل؛ يېڭى جۇڭگونىڭ 70 يىلى جۇڭگو خەلقىنىڭ تۈرلۈك ئاساسىي ھوقۇقلىرى كۈنسېرى ھۆرمەتكە ۋە كاپالەتكە ئېرىشكەن 70 يىل؛ يېڭى جۇڭگونىڭ 70 يىلى جۇڭگو دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز تۆھپە قوشقان 70 يىل.

ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: خەلقنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى ئەڭ چوڭ كىشىلىك ھوقۇق. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى دۇنياغا كەلگەن شۇ كۈندىن باشلاپ، خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش، ئىنسانىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۈرەش نىشانى قىلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگو ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تەجرىبىلىرىنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە، كىشىلىك ھوقۇق ئومۇمىي پرىنسىپىنى ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، خەلق مەركەز قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇق ئىدىيەسىنى يولغا قويۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىي قىلىش ھوقۇقىنى ئەڭ مۇھىم ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇق قىلىپ، بارلىق خەلقنىڭ تۈرلۈك ھوقۇقىنى ماس ئىلگىرى سۈرۈپ، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈردى. تارىخ ۋە رېئاللىقنىڭ ھەممىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دۆلەت ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىيات يولىدا مېڭىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ كۆپ خىللىقىنى بېيىتتى.

ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنۇلار تەكىتلەندى: نۆۋەتتە، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇق قىلىنغان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو خەلقى «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا. كەلگۈسى يىللاردا، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەتنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن زامانىۋىلىشىشىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا ئەگىشىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇپ چىقىشقا ئەگىشىپ، جۇڭگو خەلقى چوقۇم تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك، تېخىمۇ يېتەرلىك ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ، جۇڭگو خەلقى چوقۇم تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق دېيىلدى: يېڭى تارىخىي دەۋردە، جۇڭگو مەدەنىيلىكنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇشتىكى ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش روھىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىياتى، ئورتاق گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ، دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق بەرپا قىلىدۇ.

«ئاق تاشلىق كىتاب»نىڭ تولۇق تېكىستىنى ئىككىلىك كودنى سكانىېرلاپ كۆرۈڭ

# «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش يىلىنى يولغا قويۇش»

يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق يىللىرى

1961 ـ يىلىغا قەدەم قويغاندا، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېغىر ئاقىۋەت تۈپەيلىدىن، جۇمھۇرىيەت «ئىقتىسادتا ئەڭ قىيىنچىلىق بولغان پەيتتە تۇردى». 1 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 9 ـ ئومۇمىي يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى، يىغىندا «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» سەككىز خەتلىك فاڭجېننى يولغا قويۇش رەسمىي قارار قىلىندى، خەلق ئىگىلىكى تەڭشىلىپ ئىزىغا چۈشۈشكە باشلىدى.

بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىننىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ماۋ زېدۇڭ كۆپ قېتىم سۆز قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئېسىل ئەنئەنىسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەكىتلىدى. ئۇ «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش يىلىنى يولغا قويۇش»نى ئوتتۇرىغا قويدى. 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى «تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى توغرىسىدا ھەرقايسى مەركىزىي بيۇرولارغا، ھەرقايسى ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، رايونلۇق پارتكوملارغا بىر پارچە خەت»نى ئېلان قىلىپ: «ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، تەكشۈرمىسە پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى بولماسلىقنى جەزمەن پۈتۈن پارتىيەدىكى كادىرلارنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنىڭ باش مىزانى قىلىش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى.

مەركەز رەھبەرلىرى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 9 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئاخىرلىشىپلا، ماۋ زېدۇڭ دەرھال ئۈچ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ ۋە يېتەكچىلىك قىلىپ، جېجياڭ، خۇنەن، گۇاڭدۇڭ ئۈچ ئۆلكىنىڭ يېزىلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن پارتىيەدە ئۈلگىلىك رول ئوينىدى.

جوۋ ئېنلەي خېبېينىڭ خەندەن قاتارلىق جايلىرىغا كېلىپ تەكشۈرۈپ، بايقالغان مەسىلىلەرنى ماۋ زېدۇڭغا دوكلات قىلدى، خەلق كۆڭلىدىكى ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەركەزنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى قوزغىدى. ليۇ شاۋچى، جۇ دې، چېن يۈن، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارمۇ ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ ئىگىلىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەندىكى ھەرقايسى تارماقلار ھەم ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىمۇ بەس ـ بەستە ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى.

پۈتۈن پارتىيەدە ئەۋج ئالغان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىستىلى پارتىيە ئىچىدىكى تونۇشنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى، تەڭشەش خىزمىتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا تۈرتكە بولدى. تولۇق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئەھۋال ئىگىلەش ئاساسىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئارقا ـ ئارقىدىن بىرقاتار نىزام ۋە ھۆججەتلەرنى تۈزۈپ ئېلان قىلىپ، ئىجابىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

«تەكشۈرمىسە پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ». ماۋ زېدۇڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، پۈتۈن پارتىيەدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىستىلى زور ئەۋج ئالدۇرۇلۇپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىش ئارقىلىق خاتالىقلار تۈزىتىلىپ، سىياسەت تەڭشىلىپ، قىيىن ۋەزىيەتنى ئوڭشاش، ئومۇميۈزلۈك تەڭشەشنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاندى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئىدىيەسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئومۇميۈزلۈك تەڭشەشكە تۈرتكە بولۇش

يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق يىللىرى

1962 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن خىزمەت يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى، مەركەزدىن ناھىيە دەرىجىلىك مەسئۇل كادىرلارغىچە بولۇپ جەمئىي 7000دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى. بۇ، پارتىيەنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى كۆلىمى ئەڭ چوڭ خىزمەت يىغىنى. يىغىن پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيەنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئىدىيەسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئومۇميۈزلۈك تەڭشەشكە تۈرتكە بولۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ليۇ شاۋچى ۋە جوۋ ئېنلەي، چېن يۈن، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىقلارنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ ئاي ۋە 5 ـ ئايدا ئارقا ـ ئارقىدىن شىلوۋ يىغىنى، ماي يىغىنىنى ئېچىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئېغىر قىيىنچىلىق ۋەزىيىتىگە يەنىمۇ ئەھمىيەت بەردى ۋە ئۇنى تەھلىل قىلدى. ليۇ شاۋچى مۇنداق كۆرسەتتى: ھازىر ئەسلىگە كېلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىمىز، ئۇ، پەۋقۇلئاددە مەزگىللىك خاراكتېرگە ئىگە، ئادەتتىكى ئۇسۇللارنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، پەۋقۇلئاددە ئۇسۇللارنى ئىشلىتىپ، ئىقتىسادنى تەڭشەش تەدبىرلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك.

تونۇش بىرقەدەر بىرلىككە كەلگەن ئاساستا، مەركەز بىر يۈرۈش سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، خەلق ئىگىلىكىنى ئومۇميۈزلۈك تەڭشىدى: ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى زور كۈچ بىلەن ئىخچاملاپ، شەھەر نوپۇسىنى ئازايتتى؛ ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى قىسىپ، كۆپ مىقداردىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى توختاتتى، ئاستىلاتتى؛ سانائەت سېپىنى قىسقارتىپ، زىيان بولغان تاقاش، توختىتىش، قوشۇۋېتىش، ئۆزگەرتىشنى يولغا قويدى؛ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى جەھەتلەردە يېزا ئىگىلىك سېپىنى كۈچەيتتى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەردى، يېزا ئاساسىي قاتلاملىرىنىڭ رەھبەرلىك كۈچىنى كۈچەيتتى.

ئىقتىسادىي تەڭشەش بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ جەمئىيەت سىياسىيسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، زىيالىيلار سىياسىتى، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت سىياسىتىنىمۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەڭشىدى.

تەڭشەش خىزمىتى قىسقا مۇددەت ئىچىدە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 1962 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، خەلق ئىگىلىكى ۋەزىيىتى ياخشىلىنىشقا باشلىدى. ۋەزىيەتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، مەركەز 1963 ـ يىلىدىن باشلاپ، يەنە ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ داۋاملىق تەڭشەشنى قارار قىلدى. تەڭشەش داۋامىدا، يەنە بىر قىسىم ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى سىنىقى ئېلىپ بېرىپ، سانائەت، قاتناش تارماقلىرىدا تىرەست ۋە ئىككى خىل ئەمگەك تۈزۈمى، مائارىپ تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇپ، مۇئەييەن نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. 1965 ـ يىلىغا بارغاندا، ئەسلىدە بېكىتىلگەن تۈرلۈك تەڭشەش ۋەزىپىلىرى غەلىبىلىك تاماملىنىپ، خەلق ئىگىلىكى ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# گۇ ۋېنچاڭ: «قۇم ـ بوراننى تىزگىنلىيەلمىسەم، قۇم ـ بوران مېنى كۆمۈۋەتسۇن»

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جېڭجوۋ، 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر ۋاڭ شو) خېنەن ئۆلكىسى لىنجوۋ شەھىرى شىبەنيەن بازىرى گوجياجۇاڭ كەنتى نەنۋەن تەبىئىي كەنتىنىڭ ئارقا تەرىپىدە چوڭ تاغ، ئالدى تەرىپىدە لۇشۇي دەرياسى بولۇپ، گۇ ۋېنچاڭنىڭ ئەسلىي تۇرالغۇسى كەنتنىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىدىكى بىر قاتار پۇقرالار ئۆيلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان.



گۇ ۋېنچاڭنىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

گۇ ۋېنچاڭ، ئەسلىي ئىسمى گۇ چېڭشۇەن، 1915 ـ يىلى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ لىنشيەن ناھىيەسى (بۈگۈنكى لىنجوۋ شەھىرى) نەنۋەن كەنتىدىكى بىر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1943 ـ يىلى ئۇ كەنتتىكى دېھقانلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۇيۇشمىسىغا قاتناشقان، ئۇزاق ئۆتمەي كەنت دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان. 1944 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. 1945 ـ يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك ھۆكۈمەت لىنبېي ناھىيەسى 7 ـ رايوننىڭ رايون باشلىقى بولغان، ئۈچ يىلدىن كېيىن رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى بولغان. 1949 ـ يىلى جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش كادىرلار چاڭجياڭ تارماق ئەترىتى 5 ـ چوڭ ئەترىتى 3 ـ ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ 5 ـ كىچىك ئەترەت ئىشتاتىغا كىرگۈزۈلۈپ، كىچىك ئەترەتنىڭ باشلىقى بولغان.

1950 ـ يىلى، گۇ ۋېنچاڭ قوشۇن بىلەن بىللە دېڭىزدىن ئۆتۈپ فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ دۇڭشەن ناھىيەسىنى ئازاد قىلىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ دۇڭشەن ناھىيەسى چېڭگۇەن رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، ناھىيەلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، ھاكىم بولغان. 1955 ـ يىلىدىن باشلاپ دۇڭشەن ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولغان.

ئىلگىرىكى دۇڭشەن قۇم ـ بوراننىڭ زىيىنى، قۇرغاقچىلىق ۋە ھۆللۈكچىلىك ئاپىتى دەستىدىن بىر پارچە قاقاسلىققا ئايلانغانىدى. پۈتۈن ئارالدا 194 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان تۇپراقنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ئاران 0.12% ئىدى. خەلق ئارىسىدا مۇنداق خەلق قوشىقى تارقالغان: «ئەتىياز ۋە يازدا ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىدۇ، كۈز ۋە قىشتا قۇم ـ بوران ئاپىتى يۈز بېرىدۇ. بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە، ھەممە پەسىلدە ئاپەت يۈزبېرىدۇ.» تۇرمۇشى نامرات ئامما ئالدىدا، گۇ ۋېنچاڭ ئاممىنى يېتەكلەپ قۇم ـ بوراننى يېڭىپ، قۇرغاقچىلىق ۋە ھۆللۈكچىلىكنى تۈپتىن تىزگىنلەپ، خەلقنى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش قەتئىي ئىرادىسىگە كەلگەن.

قۇم ـ بوران، تۆۋەن تېمپېراتۇرا قاتارلىق تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن، دۇڭشەندە كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش سىنىقى ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولغان. گۇ ۋېنچاڭ قىلچە مەيۈسلەنمەي، ناھىيەلىك پارتكومدىكى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، قايتىدىن لايىھە تۈزۈپ چىققان. «قۇم ـ بوراننى تىزگىنلىيەلمىسەم، قۇم ـ بوران مېنى كۆمۈۋەتسۇن!» دېگىن بويىدا ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدىغان كۆچەت تۈرلىرىنى تېپىش ئۈچۈن، دۇڭشەن ناھىيەلىك پارتكوم رەھبىرىي كادىرلار، ئورمانچىلىق تېخنىكلىرى، پېشقەدەم دېھقانلاردىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن تەجرىبە گۇرۇپپىسى تەشكىللىگەن، گۇ ۋېنچاڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولغان. ئۇلار قۇم ئۇچۇپ تۇرىدىغان ساھىلدا «نەچچە ئون كۈن كۆچەت تىكىپ»، كىلمات، نەملىك، شامال يۆنىلىشى، شامال كۈچىنىڭ يېڭى سورتلۇق كاسۇئارىنا كۆچىتىنىڭ قايتا كۆكلىشى، ئەي بولۇشقا بولغان تەسىرىنى قەرەللىك كۆزىتىپ، ئاخىر قانۇنىيىتىنى ئېنىقلاپ، كاسۇئارىنا كۆچىتى ئۆستۈرۈشنىڭ تېخنىكىلىق مۇھىم نۇقتىلىرىنى يەكۈنلەپ چىققان. 14 باھار، كۈز جان تىكىپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق گۇ ۋېنچاڭ ۋە ناھىيەلىك پارتكومدىكى بىر بەنزە كىشى پۈتۈن ناھىيەدىكى ئارمىيە، خەلقنى يېتەكلەپ كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىپ، قۇم ـ بوراننىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە تىزگىنلەپ، قۇدۇق قېزىپ، سۇ ئامبىرى قۇرۇپ، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ، زەيىنى چىقىرىۋېتىپ، تاشيول ياساپ، دېڭىز توسمىسى ياساپ، دېڭىز پورتى قۇرۇپ، تۇزلۇق ئېتىز بەرپا قىلىپ... دۇڭشەننىڭ كونا قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، بىر قاقاس ئارالنى گۆھەر ئارالغا ئايلاندۇرغان.

گۇ ۋېنچاڭ دائىم ئاساسىي قاتلامدىكى ئېتىز ـ ئېرىقلارغا چوڭقۇر چۆككەن، دۇڭشەن ناھىيەسىدىكى كەنت ـ مەھەللىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭ ئاياغ ئىزى قالغان. ئۇ دائىم ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى تۈرۈپ پۇقرالار بىلەن بىرلىكتە يەر ئاغدۇرغان، تاش چاققان، ھەممە يېرى پاتقاق بولۇپ بەدىنى تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەن. كادىرلار، ئامما ئۇنى ئىزدەپ مەسىلىلەرنى ئىنكاس قىلغاندا، يېرىم كېچە بولۇپ كەتسىمۇ تېرىكمىگەن. ئۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويغان، شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلىمىگەن، 1964 ـ يىلى، ئۇ ئۆلكىلىك ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولۇپ يۆتكەلگەندىمۇ، پەقەت ئىككى چامادان، بىرنەچچە تاغار ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرنى ئېلىپ ماڭغان. ئامما ئۇنىڭغا كاسۇئارىنا دەرىخىدىن ياسالغان تاماق جوزىسى سوۋغا قىلغاندا، ئۇ قەتئىيلىك بىلەن قايتۇرۇۋەتكەن.

1981 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، گۇ ۋېنچاڭ جاڭجوۋدا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان، شۇ يىلى 66 ياشتا ئىدى. كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ كۈچلۈك تەلىپى بىلەن، 1986 ـ يىلى، دۇڭشەن ناھىيەلىك پارتكوم گۇ ۋېنچاڭنىڭ جەسەت كۈلىنى ئۇ ئەينى يىللاردا ئۆزى قۇرغان چىشەن ئورمانچىلىق مەيدانىغا دەپنە قىلىشنى قارار قىلغان. 1999 ـ يىلى، دۇڭشەن ناھىيەسىدىكى ھەرقايسى ساھە پۇل ئىئانە قىلىپ، گۇ ۋېنچاڭ ئىش ئىزلىرى كۆرگەزمىخانىسى ھەم گۇ ۋېنچاڭ باغچىسىنى ياسىغان. 2004 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، گۇ ۋېنچاڭ خاتىرە سارىيى قۇرۇلۇپ، «فۇجيەن ئۆلكىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى»، «فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى پارتىيە تارىخى تەربىيەسى بازىسى» دەپ نام بېرىلدى. ھەر يىلدىكى چىڭمىڭ، چاغان قاتارلىق چوڭلارنى، ئەجدادلارنى ھۆرمەتلەيدىغان ئەنئەنىۋى بايراملاردا، شۇ جايدىكى نۇرغۇن ئامما «ئاۋۋال گۇ ئاتىغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، ئاندىن ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ»، دۇڭشەن خەلقىگە بەخت ياراتقان بۇ كوممۇنىستنى چوڭقۇر ياد ئەتتى.

گۇ ۋېنچاڭنىڭ يۇرتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، لىنجوۋ شەھىرىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن ئەتراپىدىكى كىشىلەر، ئەتراپىدىكى ئىشلار ئارقىلىق پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى تەربىيەلەپ، قىزىل ئاساسىي مېلودىيەنى ياڭرىتىپ، گۇ ۋېنچاڭنىڭ روھى لىنجوۋدىكى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ قەلبىدىكى «مۇنار چىرىغى»، بىلىش بىلەن قىلىشتىكى «تۇراقلاشتۇرغۇچ» بولۇپ قالدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش ۋە سودا ئىشلىرىنى تىزىملاش كۆزنىكى ئاقسۇ شەھەرلىك مەمۇرىيەت ئىشلىرى مۇلازىمەت مەركىزى زالىدىكى ئەڭ ئاۋات ئىككى رايون. ئاقسۇ شەھىرىدىكى 55 ياشلىق شەھەر ئاھالىسى ئارزۇگۈل ئىبراھىم بىلەن ئىبرى كۆزنەكتە مەبلەغ تۇپلاپ سېلىنغان ئۆينىڭ كۆچمەس مۈلۈك ھوقۇقى كىنىشكىسىنى بېجىرىۋاتاتتى. «بىز مۇشۇ كۆزنەكتە بىر يۈرۈش ماتېرىيال تاپشۇردۇق.» ئارزۇگۈل مۇنداق دېدى: «بۇ ھەقىقەتەن بەك قولايلىق ئىكەن!»

ئاقسۇ شەھەرلىك مەمۇرىيەت ئىشلىرى مۇلازىمەت مەركىزى زالى كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش مەركىزى كۆزنىكىدىكى خىزمەتچى خادىم گو ۋېنتاۋ مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى كۆچمەس مۈلۈك كىنىشكىسىنى بېجىرىشتە كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش، تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى (ئۆي مۈلۈك سودىسى)، باجدىن ئىبارەت ئۈچ تارماققا قاتراپ، ئۈچ يۈرۈش ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەشكە توغرا كېلەتتى، ئەسلىي نۇسخا، كۆپەيتمە نۇسخا، ئىسپات، ئىلتىماس جەدۋىلى قاتارلىقلار زۆرۈر بولاتتى. ھازىر، بىز كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش مەركىزى، تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسى، باج ئىدارىسى، تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى بېجىرىدىغان كۆچمەس مۈلۈك ماتېرىياللىرى تىزىملىكنى بىرىكتۈرۈپ، «بىر پارچە جەدۋەل»نى يولغا قويۇپ، ماتېرىياللارنى 70%تىن كۆپرەك ئىخچاملاپ، ھەم ئاممىنىڭ ئىش بېجىرىشىگە قولايلىق ياراتتۇق، ھەم ئىش بېجىرىش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردۇق».

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىيەت ئىشلىرى مۇلازىمەت مەركىزى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇ چۈن مۇنداق تونۇشتۇردى: ۋىلايىتىمىزدىكى شۇ دەرىجىلىك مەمۇرىي تەستىقلاشقا چېتىلىدىغان 37 ئورۇننىڭ تەستىقلاش ئىش تۈرى جەمئىي 524 بولۇپ، ئەستايىدىل، ئىنچىكە، تولۇق ئېنىقلاش ئارقىلىق، تۈرلۈك ئىسپات ماتېرىياللىرىنى ئىخچاملاش نىسبىتى 66.6%كە يەتكۈزۈلدى. بۇنىڭ بىلەن، كارخانا ۋە ئاممىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان «تەيyarلايدىغان ئىسپات كۆپ بولۇش، ئىش بېجىرىش تەس بولۇش» ۋە «غەلىتە ئىسپات، دەۋرىي ئىسپات، تەكرار ئىسپات» قاتارلىق مەسىلىلەر ئەڭ زور دەرىجىدە ھەل قىلىندى.